شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئالىي مەكتەپ يەرلىك ئالاھىدە ۋە
مىللىيچە دەرسلىك قۇرۇلۇشى پىلانى تۈردىكى دەرسلىك

# تەمبۇر دەرسلىكى

①

# 弹布尔教程





شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى



مىجىت يۇنۇس 1959 - يىل 10 - ئاينىڭ 15 - كۈنى كەلپىندە تۇغۇلغان، 1974 - يىلى شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتى مۇزىكا فاكۇلتېتىنىڭ تەنبۇر كەسپىگە قوبۇل قىلىنغان. ئۇستازى شىرمۇھەممەت نۇراخۇننىڭ تەربىيىلىشىدە 1977 - يىلى مەكتەپنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتكۈزۈپ، تەنبۇر ئوقۇتقۇچىلىقىغا ئېلىپ قېلىنغان. ھازىر ئۇ مۇزىكا فاكۇلتېتىنىڭ دوتسېنتى، مىللىي مۇزىكا - مۇقام كافېدراسىنىڭ مۇدىرى، جۇڭگو ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، جۇڭگو مۇزىكانتلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

مىجىت يۇنۇس ئوقۇتقۇچىلىق ھاياتىدا سەنئەت بېغىنىڭ يارامLIQ كۆچەتلىرىنى يېتىشتۈرۈش يولىدا ھارماي ئىزدىنىپ، تەنبۇر ماھىرلىرىنى تەربىيىلەپ، تەنبۇر كەسپىدىكىلەرنىڭ سىستېمىلىق تەربىيىلىنىشىگە زور كۈچ سەرپ قىلدى. ئۇ تەربىيىلىگەن ئوقۇغۇچىلاردىن مەمتىمىن 1990 - يىلى 5 - ئايدا ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەت ياشلىرىنىڭ مىللىي چالغۇ مۇسابىقىسىدە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، مىجىت يۇنۇس مەدەنىيەت مىنىستىرلىكىنىڭ «مۇنەۋۋەر يېتەكچى» مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. مىجىت يۇنۇس 2005 - يىل 10 - ئايدا مەملىكەت بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن 2 - قېتىملىق جۇڭگو مەدەنىيەت - سەنئەت مەھكىمىسى مۇكاپاتى — مەدەنىيەت - سەنئەت ئىنستىتۇت مۇكاپاتىنىڭ يەككە ئورۇنداش تۈرى بويىچە تەنبۇر بىلەن «ئەجەم» نى ئورۇنداپ ئالتۇن مۇكاپاتقا، كوللېكتىپ ئورۇنداش تۈرى بويىچە كۈمۈش مۇكاپاتقا ئېرىشتى. 2005 - يىل 7 - ئايدا ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك تۇنجى نۆۋەتلىك ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى سەنئەت كۆرىكىدە ئۇ يېتەكچىلىك قىلغان «چەبىيات مۇقامى» 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، ئۆزى مائارىپ مىنىستىرلىكىنىڭ «مۇنەۋۋەر يېتەكچى» مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ئۇ تەربىيىلىگەن ئوقۇغۇچىلاردىن ئابدۇۋەلى ساتتار 2008 - يىل 8 - ئايدا مەملىكەت بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن 3 - قېتىملىق جۇڭگو مەدەنىيەت - سەنئەت مەھكىمىسى مۇكاپاتى — مەدەنىيەت - سەنئەت ئىنستىتۇت مۇكاپاتىنىڭ يەككە ئورۇنداش تۈرى بويىچە كۈمۈش مۇكاپاتقا ئېرىشتى. 2009 - يىل 2 - ئايدا نەنجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك 2 - نۆۋەتلىك ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ سەنئەت كۆرىكىدە مىللىي چالغۇلارنى يەككە ئورۇنداش تۈرى بويىچە 1 - دەرىجىلىك مۇكا-

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئالىي مەكتەپ يەرلىك ئالاھىدە ۋە
مىللىيچە دەرسلىك قۇرۇلۇشى پىلانى تۈرىدىكى دەرسلىك



# تەمبۇر دەرسلىكى

①

مىجىت يۈنۈس
شىرمۇھەممەت نۇراخۇن



شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى

**图书在版编目（CIP）数据**

弹布尔教程：维吾尔文/米吉提·尤努斯，西尔买买提·努拉洪编·
乌鲁木齐：新疆教育出版社，2009.9

自治区高校地方特色和民文教材
ISBN 978 - 7 - 5370 - 7473 - 5

Ⅰ.①弹… Ⅱ.②米… Ⅲ.①维吾尔族 - 拨乐器 -
泰法 - 中国 - 维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ.①J632.39

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2009）第 167725 号

---

编　　辑：吾买尔·穆罕买德　　ئۆمەر مۇھەممەت　　مۇھەررىرى:
责任编辑：牙里坤·肉孜　　يالقۇن روزى　　مەسئۇل مۇھەررىرى:
制作五线谱：阿布都外里·阿布来提　　ئابدۇۋەلى ئابلەت　　نوتىسىنى تىزغۇچىلار:
责任校对：克依木·吐尔逊　　قەييۇم تۇرسۇن　　مەسئۇل كوررېكتورى:

自治区高校地方特色和民文教材建设计划立项教材
**弹布尔教程（1）**
（维吾尔文）
*
شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى نەشر قىلدى
.http://www.xjjycbs.com
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقاتتى
شىنجاڭ　　　　باستى
شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى كومپيۇتېر مەركىزى تىزدى
*
فورماتى: 1092×787، 1/16؛ باسما تاۋىقى: 13.50
2009 ـ يىل 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2009 ـ يىل 8 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 3000 - 1
ISBN 978 - 7 - 5370 - 7067 - 6
باھاسى: 50.00 يۈەن (ئىككى قىسىم)
نەشر ھوقۇقى بىزدە، باشقىلارنىڭ كۆپەيتىپ بېسىشىغا بولمايدۇ.
بېسىش ـ تۈپلەش سۈپىتىدە مەسىلە كۆرۈلسە ئالماشتۇرۇپ بېرىلىدۇ.
ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 187 ـ نومۇر
پوچتا نومۇرى: 830049؛ تېلېفون نومۇرى: 2870654 ,2863761(0991)

# كىرىش سۆز

مۇزىكا — ئىنسانلارنىڭ ئەڭ قەدىمىي، ئەڭ ئومۇملاشقان ۋە تەسىرلەندۈرۈش كۈچى ھەممىدىن زور سەنئەت شەكىللىرىنىڭ بىرى. شۇنداقلا ئۇ، ئىنسانلارنىڭ مۇئەييەن ئۈن - ئاۋاز قۇرۇلمىلىرى ئارقىلىق، ئىدىيە ۋە ھېسسىياتنى ئالماشتۇرۇش ۋە ئىپادىلەشتە كەم بولسا بولمايدىغان ۋاسىتىسى، ئىنسانلار مەنىۋى تۇرمۇشىنىڭ ئورگانىك تەركىبىي قىسمى. مىللىي مۇزىكىلار مىللىي مەدەنىيەتنىڭ مۇھىم بىر خىل شەكلى ۋە يەتكۈزۈش ۋاسىتىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۆزىگە مول مەدەنىيەت ۋە كۆپلىگەن تارىخىي مەزمۇنلارنى مۇجەسسەملەشتۈرگەن بولىدۇ، ئۇلار ئۆزىگە خاس بەدىئىي سېھرىي كۈچ ئارقىلىق ئۇزاق يىللىق تارىخىي كەچۈرمىشلەرگە ھەمراھ بولۇپ، كىشىلەرنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ كەلگەن.

تەمبۇر ئۇيغۇر مۇزىكا سەنئىتى خەزىنىسىدىكى ئەڭ تەسىرچان، ئىپادىلەش كۈچى ئەڭ زور تارلىق چالغۇلارنىڭ بىرى. تەمبۇر دەرسى ھەر دەرىجىلىك سەنئەت مەكتەپلىرىمىزدە كۆپ يىللاردىن بېرى ئۆتۈلۈپ كېلىۋاتقان دەرس. تەمبۇر ئوقۇتۇشى ساھەسىدە ئىلگىرىكى ئۇستازلار تەمبۇر چېلىشنىڭ نەزەرىيىۋى قائىدىلىرىنى تۇرغۇزۇش، ئورۇنداش تېخنىكىلىرىنى قېلىپلاشتۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە ئاز بولمىغان خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. بولۇپمۇ پېشقەدەم تەمبۇر ئۇستازى، دوتسېنت شىرمۇھەممەت نۇراخۇن 2003 - يىلى تۈزگەن «تەمبۇر» دەرسلىكى تەمبۇرنىڭ تېخنىكىلىق نەزەرىيىسى ۋە ئورۇنداش ئۇسۇلى قېلىپلاشتۇرۇلغان تۇنجى دەرسلىك بولۇش سۈپىتى بىلەن شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتىدا جۈملىدىن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدىكى سەنئەت مەكتەپلىرىدە، ئىشلىتىلىپ قىزغىن قارشى ئېلىندى. بۇ قېتىم بىز ئوقۇتۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدا كۆرۈلگەن مەسىلىلەرنى نەزەرگە ئېلىپ، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، مۇتەخەسسىسلەردىن پىكىر ئېلىپ تەمبۇرنىڭ تېخنىكىلىق نەزەرىيىسىنى ۋە ئورۇنداش ئۇسۇللىرىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تەمبۇر ئۆگىنىش ۋە تەمبۇردا مۇزىكا ئورۇنداشتا جەزمەن ئىگىلەشكە تېگىشلىك قائىدە - قانۇنىيەتلەرنى قېلىپلاشتۇرۇپ، شۇنداقلا مەشىق ئاھاڭلىرىنى يىللىقلار بويىچە ئاددىيلىقتىن مۇرەككەپلىككە قاراپ ئورۇنلاشتۇرۇپ بۇ «تەمبۇر دەرسلىكى» تۈزۈپ چىقىلدى.

دەرسلىكنىڭ نەشر قىلىنىشىغا ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى ۋە شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتى ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى. دەرسلىكنىڭ نەزەرىيە قىسمىنى يېزىشقا پروفېسسور ئىمىن ئەخمىدى يېقىندىن ياردەمدە بولدى. تۈزۈش جەريانىدا شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتى مۇزىكا فاكۇلتېتىنىڭ شۇجىسى رازاق نۇر، پروفېسسور گوگاڭ ۋە توقان سىماغۇل، دوكتور ئۆمەر مۇھەممەت، دوتسېنت ئابدۇكېرىم ئوسمان ۋە ئالىم قادىرلار قىزغىن قوللاپ قۇۋۋەتلىدى. دەرسلىكنى تەكشۈرۈپ بېكىتىشكە شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى، مۇزىكىشۇناس سۇلايمان ئىمىن، شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى، مۇزىكىشۇناس تۇرسۇنجان لېتىپ يەركەندى، شىنجاڭ سەنئەت يۇرتىنىڭ دۆلەتلىك 1 - دەرىجىلىك دىرىژورى ئابدۇراخمان ئايۇپ قاتارلىق مۇتەخەسسىسلەر قاتناشتى.

# مۇندەرىجە

## بىرىنچى بۆلۈم


**تەمبۇر ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە** ........................ 2
**تەمبۇرنىڭ ياسىلىشى ۋە قۇرۇلمىسى** ........................ 5
1. تەمبۇر چالغۇسىنىڭ ئىسلاھ قىلىنىشى ........................ 6
2. تەمبۇرنىڭ ئۆلچەملىك قۇرۇلمىسى ........................ 8
1) تەمبۇر قۇرۇلمىسىدىكى بۆلەكلەرنىڭ ناملىرى ........................ 9
2) تەمبۇرنىڭ ياسىلىشى ........................ 10
3) تەمبۇرنىڭ سازلىنىشى ۋە ئاۋاز دائىرىسى ........................ 10
3. تەمبۇر چېلىشنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرى ........................ 11
1) ئولتۇرۇش قائىدىسى ........................ 11
2) ناخۇن ياساش قائىدىسى ........................ 12
4. بەلگىلەر ھەققىدە ئىزاھات ........................ 14
1) ئوڭ قول بەلگىلىرى ........................ 14
2) سول قول بەلگىلىرى ........................ 15
3) دائىم قوللىنىلىدىغان مۇزىكا ئاتالغۇلىرى ........................ 19


## ئىككىنچى بۆلۈم


تەمبۇر سازلاش مەشقى ........................ 22
قول كۆندۈرۈش مەشقلىرى ........................ 24
ئىككىگە بۆلۈنگەن ئاۋاز مەشقى ........................ 24
C چوڭ كۇي ئاۋاز باسقۇچى مەشقى ........................ 25
C چوڭ كۇي ئارىلاشما ئۇدار مەشقى ........................ 25
مەشق ئاھاڭ ........................ 26
C چوڭ كۇي 2 ئوكتاۋا ئاۋاز باسقۇچى مەشقى ........................ 27
C چوڭ كۇي 8 گە بۆلۈنگەن ئاۋاز باسقۇچى مەشقى ........................ 28
C چوڭ كۇي ئاۋاز باسقۇچى، پەللىمە ئاۋاز مەشقى ........................ 28
مەشق ئاھاڭ ........................ 29
C چوڭ كۇي پەللىمە ئاۋاز مەشقى ........................ 29

C چوڭ كۇي بارماق مەشقى ...... 30
C چوڭ كۇي، ئۈچ تۇتاشما ئاۋاز باسقۇچ مەشقى ...... 31
C چوڭ كۇي بارماق مەشقى ...... 32
C چوڭ كۇي 3 گرادۇسلۇق بارماق مەشقى ...... 33
كىچىك مەشىق ئاھاڭ ...... 34
a كىچىك كۇي ئاۋاز باسقۇچى مەشقى ...... 34
C چوڭ كۇي 16 گە بۆلۈنگەن ئاۋاز چېكىپ ئىلىش مەشقى ...... 35
ئىلىپ چېكىش مەشقلىرى ...... 37
C چوڭ كۇي تۆت گرادۇسلۇق بارماق مەشقى ...... 38
قول كۆندۈرۈش مەشىق ئاھاڭى ...... 39
C چوڭ كۇي بارماق مەشقى ...... 39
مەشىق ئاھاڭ   ۋەتىنىمىز گۈللۈك باغ ...... 40
C چوڭ كۇي چېكىتلىك ئاۋاز مەشقى ...... 40
مەشىق ئاھاڭ   بالىلار مارشى ...... 41
C چوڭ كۇي چېكىپ ئىلىش مەشقى ...... 42
چەبىيات مۇقامىنىڭ 4 ـ مەشرىپى ...... 42
C چوڭ كۇي قاتتىق چېكىش مەشقى ...... 43
C چوڭ كۇي پەللىمە ئاۋاز مەشقى ...... 43
C چوڭ كۇي $\frac{5}{8}$ ئۆدارلىق ئاۋاز باسقۇچى مەشىق ...... 44
C چوڭ كۇي $\frac{5}{8}$ ئۆدارلىق بارماق مەشىق ...... 44
a كىچىك كۇي ئاۋاز باسقۇچى پەللىمە ئاۋاز مەشقى ...... 45
a كىچىك كۇي بارماق مەشقى ...... 45
داھىي ماۋ زېدۇڭ ...... 46
G چوڭ كۇي ئاۋاز باسقۇچ مەشقى ...... 46
C چوڭ كۇي ئىلىپ چېكىش مەشقى ...... 47
C چوڭ كۇي چېكىتلىك ئاۋاز مەشقى ...... 47
G چوڭ كۇي بارماق مەشقى ...... 48
G چوڭ كۇي 3 ئوكتاۋا پەللىمە ئاۋاز مەشقى ...... 48
G چوڭ كۇي چېكىتلىك ئاۋاز مەشقى ...... 49
G چوڭ كۇي بارماق مەشقى ...... 49
G چوڭ كۇي بارماق مەشقى ...... 50
G چوڭ كۇي بارماق مەشقى ...... 50
e كىچىك كۇي ئاۋاز باسقۇچ مەشقى ...... 52

e كىچىك كۈي $\frac{5}{8}$ ئۇدارلىق بارماق مەشقى ........ 52
e كىچىك كۈي ئاۋازنى تەرتىپ چېلىش مەشقى ........ 53
e كىچىك كۈي ئاۋاز باسقۇچ چېكىپ چېلىش مەشقى ........ 53
e كىچىك كۈي مەشىق ئاھاڭ بىر پىيالە مەي ........ 54
G چوڭ كۈي چېكىپ ئېلىش مەشقى ........ 54
G چوڭ كۈي ئېلىپ چېكىش مەشقى ........ 54
G چوڭ كۈي بارماق مەشقى ........ 55
G چوڭ كۈي $\frac{6}{8}$ ئۇدارلىق بارماق مەشقى ........ 55
G چوڭ كۈي $\frac{6}{8}$ ئۇدارلىق پەللىمە ئاۋاز بارماق مەشقى ........ 56
G چوڭ كۈي $\frac{5}{8}$ ئۇدارلىق بارماق مەشقى ........ 57
G چوڭ كۈي $\frac{5}{8}$ ئۇدارلىق بىزەك ئاۋاز مەشقى ........ 57
دولان ........ 58
ئاللا بالىخان ........ 58
ئانا ئارزۇسى ........ 58
G چوڭ كۈي بارماق مەشقى ........ 59
G چوڭ كۈي بارماق مەشقى ........ 60
e كىچىك كۈي پەللىمە ئاۋاز مەشقى ........ 60
خۇشاللىق ........ 61
سىگنال ........ 62
C چوڭ كۈي 8 گە 16 گە بۆلۈنگەن تېپىلغۇ ئاۋازلار مەشقى ........ 63
D چوڭ كۈي ئېلىپ چېكىش مەشقى ........ 64
D چوڭ كۈي ئېلىپ چېكىش مەشقى ........ 64
D چوڭ كۈي نوقۇلاش مەشقى ........ 64
D چوڭ كۈي نوقۇلاش مەشقى ........ 65
D چوڭ كۈي پەللىمە ئاۋاز مەشقى ........ 66
D چوڭ كۈي نوقۇلاپ ئېلىش مەشقى ........ 66
D چوڭ كۈي پەللىمە ئاۋاز مەشقى ........ 67
C چوڭ كۈي بارماق مەشقى ........ 67
C چوڭ كۈي بارماق مەشقى ........ 68
a كىچىك كۈي پەللىمە ئاۋاز مەشقى ........ 69
c چوڭ كۈي بارماق مەشقى ........ 70

G چوڭ كۈي $\frac{7}{8}$ ئۇدارلىق بارماق مەشقى ..... 71

D چوڭ كۈي تېيىلغۇ ئاۋاز مەشقى ..... 72

G چوڭ كۈي تېيىلغۇ ئاۋاز مەشقى ..... 72

D چوڭ كۈي بارماق مەشقى ..... 73

G چوڭ كۈي تېيىلغۇ ئاۋاز مەشقى ..... 74

D چوڭ كۈي بارماق مەشقى ..... 75

F چوڭ كۈي مەرغۇللىتىش مەشقى ..... 76

a كىچىك كۈي بارماق مەشقى ..... 76

G چوڭ كۈي بارماق مەشقى ..... 77

G چوڭ كۈي بارماق مەشقى ..... 77

e كىچىك كۈي بارماق مەشقى ..... 78

خۇشال ئەۋلادلار ..... 79

G چوڭ كۈي چېكىتلىك ئاۋاز مەشقى ..... 79

G چوڭ كۈي چېكىتلىك ئاۋاز مەشقى ..... 80

پارتىزانلار مارشى ..... 81

G چوڭ كۈي ئاكورد مەشقى ..... 82

ئىناق دوستلار ..... 82

G چوڭ كۈي تاق مەرغۇللىتىش مەشقى ..... 84

D چوڭ كۈي تىرىلدىتىپ چېلىش مەشقى ..... 84

D چوڭ كۈي پەللىمە ئاۋاز تىرىلدىتىپ چېلىش مەشقى ..... 85

D چوڭ كۈي بارماق مەشقى ..... 86

b كىچىك كۈي پەللىمە ئاۋاز مەشقى ..... 87

خۇشال ساز ..... 88

D چوڭ كۈي ئىلىپ چېكىش مەشقى ..... 89

D چوڭ كۈي بارماق مەشقى ..... 90

G چوڭ كۈي تۇتاشما ئاۋاز مەشقى ..... 91

D چوڭ كۈي ئۇلانما ئاۋاز مەشقى ..... 91

G چوڭ كۈي تېيىلغۇ، بىزەك ئاۋاز مەشقى ..... 92

D چوڭ كۈي تۇتاشما ئاۋاز مەشقى ..... 93

D چوڭ كۈي تۇتاشما، تېيىلغۇ ئاۋاز مەشقى ..... 94

D چوڭ كۈي تېيىلغۇ، چېكىتلىك ئاۋاز مەشقى ..... 94

G چوڭ كۈي بىزەك ئاۋاز مەشقى ..... 95

G چوڭ كۈي تېيىلدۇرۇپ مەرغۇللىتىش مەشقى ..... 96

A چوڭ كۈي پەللىمە ئاۋاز مەشقى ..... 96

C چوڭ كۆي بارماق مەشقى ........ 97
F چوڭ كۆي بارماق مەشقى ........ 98
d كىچىك كۆي بارماق مەشقى ........ 99
E چوڭ كۆي بارماق مەشقى ........ 100
E چوڭ كۆي بارماق مەشقى ........ 101

## ئۈچىنچى بۆلۈم

گۈل ـ غۇنچە ........ 104
گۈل ........ 105
شۇنچىمۇ ........ 108
سايرىدى خۇشال بۇلبۇل ........ 112
گۈلزارەي ........ 114
ئورما ناخشىسى ........ 115
ئازاد زامان ........ 117
خۇشاللىق ........ 119
بىزنىڭ ناخشىمىز ........ 121
لەۋەن يالا ........ 124
قاپقارا قوي كۆزلۈكۈم ........ 126
مەن ئۆلەرمەن ........ 129
نودەر ئاكا ناخشىسى ........ 131
نودەر ئاكا ناخشىسى ........ 132
كۆز ئۇيقۇدا ........ 133
ئاھ، ھېكىم ........ 136
ھارۋىكەش ناخشىسى ........ 138
ئالۋان ناخشىسى ........ 140
ئا يەي ........ 141
لەيلۇن (1) ........ 144
لەيلۇن (2) ........ 146
نادان ........ 148
ھەي نادان (لەيلۇن 3) ........ 149
گۈل ـ غۇنچە (لەيلۇن 4) ........ 151
يار سېنىڭ دەردىڭ ........ 153
ئاھ، خېنىم يامانلىماڭ ........ 155

شەرۋانىخان ........................................ 157
ئاق بېلىق ........................................ 159
قادىر مەۋلان ........................................ 160
مودەنخان ........................................ 162
كوچا ناخشىسى (1) ........................................ 164
كوچا ناخشىسى (2) ........................................ 166
كوچا ناخشىسى (3) جانەي ........................................ 168
كوچا ناخشىسى (4) نىگارىمسەن ........................................ 171
كوچا ناخشىسى (5) سەمەنگاھىم ........................................ 174
كوچا ناخشىسى (6) مەستۇن ھەيران ........................................ 176
ئەۋرىشىم ........................................ 179
چوڭ خانلەيلۇن ........................................ 182
كىچىك خانلەيلۇن (1) ........................................ 185
كىچىك خانلەيلۇن (2) ........................................ 187
گۇلمەشۇق (1) ........................................ 189
گۇلمەشۇق (2) ........................................ 191
گۇل قىسقان مېنىڭ يارىم ........................................ 193
گۇل شادىخان ........................................ 195
جېنىم خېنىم ........................................ 197
ئانارخان (1) ........................................ 200
ئانارخان (2) ........................................ 201
مەستون ھەيرانىنىڭ مەرغۇلى ........................................ 203



# بىرىنچى بۆلۈم

# تەمبۇر ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى چالغۇسى تەمبۇر خۇددى جۇجىڭباۋ ئەپەندى «ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ تارىخى ھەققىدە قىسقىچە بايان» ناملىق ماقالىسىدە ئوتتۇرىغا قويغاندەك «ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ قەدىمى، ئۇزۇن تارىخقا ئىگە چالغۇلىرىنىڭ بىرى»، «بەش تارلىق چالغۇ ئەسۋابلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى چالغۇ ئەسۋابلىرى بولۇپ، قەدىمكى كۇسەن تام سۈرەتلىرىدە ئىپادىلەنگەن بەش تارلىق چالغۇ ئەسۋابلىرى بۇنىڭ دەلىلى. ئۇيغۇرلار بەش تارلىق چالغۇ ئەسۋابلىرى ئاساسىدا تەمبۇرنى تەتقىق قىلىپ ياساپ چىققان»[1]. بەزى تەتقىقاتچىلار بۇ چالغۇنى ئەڭ دەسلەپتە ئەرەبلەر ئىجاد قىلغان دەپمۇ قارايدۇ. لېكىن، ئەرەبلەر ئىشلەتكەن بۇ چالغۇ تۆت ياكى ئالتە تارلىق بولۇپ، ئىككىسىنىڭ شەكىل تۈزۈلۈشى ئوخشىمىغاندىن باشقا، ئۇلار تەمبۇر دېگەن بۇ چالغۇنى ناخۇن بىلەن چېكىپ ئەمەس، كامانچە بىلەن ئورۇندايدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ چالغۇنى ئەرەبچە «تەمبۇر» دېگەن نام بىلەن ئاتىغىنىغا قاراپلا ئۇنى ئەرەبلەر ئىجاد قىلغان چالغۇ دېيىشكە بولمايدۇ. ئەلۋەتتە، مىلادىيە 10 - ئەسىرنىڭ ئالدى - كەينىدە ئىسلام دىنىنىڭ ئۇيغۇرلار رايونىغا كىرىشىگە ئەگەشكەن ھالدا، ئەرەب - پارس مەدەنىيىتىمۇ بىرلىكتە تارقالدى. ئەرەب - پارس تىللىرى ۋە بەزى ئاتالغۇلارمۇ تەدرىجىي ھالدا ئىلىم - پەن ساھەسىگە، مەدەنىيەت، ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىگە، كىشىلەرنىڭ ئىسىملىرىغا، ئۇيغۇر مۇقاملىرى ۋە چالغۇلارنىڭ ناملىرىغا قەدەر سىڭىپ كىردى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابى بولغان تەمبۇرنىڭ ئىسمىمۇ ئەرەبچە ئاتالدى. لېكىن، خۇددى باشتا ئوتتۇرىغا قويغاندەك بۇ ئەھۋال تەمبۇرنىڭ ئەرەب چالغۇسى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرەلمەيدۇ.

تەمبۇر ھەققىدىكى ئەپسانە - رىۋايەت، تارىخىي ماتېرىياللارمۇ تەمبۇرنىڭ ئۇيغۇر چالغۇلىرى ئىچىدىكى ئورنىنى، ئۇنىڭ تولىمۇ قەدىمى چالغۇ ئىكەنلىكىنى سەمىمىزگە سالىدۇ. ئاتاقلىق ئۇيغۇر شائىرى، مۇزىكشۇناسى موللا ئەسمەتۇللا بىننى نېمەتۇللا مۆجىزى مىلادىيىنىڭ 1854 — 1855 - يىللىرى يازغان «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن» دا، «نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى يافەسنىڭ تۈرك ئىسىملىك بىر ئوغلى بار ئىدى. خۇدايىتائالا ئۇنىڭغا بىر ئوغۇل ئاتا قىلدى. ئۇ بۇ ئوغۇلنىڭ ئىسمىنى خەرىز دەپ قويدى. بۇ ئوغۇل چوڭ بولغاندا غىزاغا تۈز سېلىپ يېيىشنى، تەمبۇر، باربىت، ئودلارنى ياساپ چېلىشنى كەشىپ قىلىپ، ئۇنى ئالەم خەلقىگە ئۆگەتتى. ئۇ زامانلاردا ئاتا - ئانىسى، بالىلىرى ئۆلۈپ كەتكەن كىشىلەر مۇسىبەت ماتىمىدە تەمبۇر چېلىپ يىغلاپ، ئاندىن ئۆلۈكنى كۆيدۈرىدىغان قائىدە بار ئىدى. يەركەنت، خوتەن رايونلىرىنى شۇ خەرىزنىڭ ئەۋلادلىرى ئاۋات قىلغان، ئۇ زامان-

دىن ھازىرغىچە 5850 يىل ئۆتكەن. ئۇ چاغلاردا تەمبۇرغا قوي - ئۆچكىنىڭ ئۇچەي - پەي-
لىرىدىن تار ئېشىپ سالاتتى»[2] دەپ يېزىلغان. مۆجىزى تىلغا ئالغان يەركەنت، خوتەن
رايونلىرى شۇ چاغلاردىلا ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ شەكىللىنىشىدە زور رول ئوينىغان
رايونلارنىڭ بىرى ئىدى. تەمبۇرنىڭ مۆجىزى ياشىغان ۋە مۇشۇ كىتابنى يازغان ۋاقىتتىن
بەش مىڭ يىل ئىلگىرى مەۋجۇت ئىكەنلىكىنىڭ ئۆزىلا ئۇنىڭ ناھايىتى قەدىمى چالغۇ ئى-
كەنلىكىدىن شۇنداقلا ئەرەب دۇنياسى تەمبۇر دېگەن سازنى ئىجاد قىلىشتىن ناھايىتى بۇ-
رۇنلا ئۇيغۇرلار رايونىدا بارلىققا كەلگەنلىكىدىن بىزنى خەۋەردار قىلىدۇ. شۇنداقلا، بۇ
گەرچە قويۇق ئەپسانە تۈسىنى ئالغان بايان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىن تەمبۇردىن ئىبارەت
بۇ چالغۇنىڭ تارىخىنىڭ ئۇزۇنلۇقى، كىشىلەرنىڭ كۆندىلىك تۇرمۇشىدا كەم بولسا بولماي-
دىغان بىر خىل مەنىۋى قورالغا ئايلىنىپ قالغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتكىلى بولىدۇ.
يەنە بەزى رىۋايەتلەردە تەمبۇرنى قەدىمكى گرېك پەيلاسوپى ئارىستوتېل (مىلادىيىدىن
بۇرۇنقى 322 — 384 - يىللار) كەشىپ قىلغان دېيىلىدۇ. مۇشۇلارغا ئاساسەن، 17 - ئە-
سىردە بۇخارادا ياشىغان مۇزىكا ئالىمى دەرۋىش ئەلى چاڭى ئۆزىنىڭ «رىسالەئى مۇسىقى»
(مۇزىكا رىسالىسى) ناملىق ئەسىرىدە تەمبۇر ئاتالغۇسىنىڭ ئېتىمولوگىيىسىنى چۈشەندۈ-
رۈپ، تەمبۇر ئاتالغۇسىنىڭ گرېكچە سۆز ئىكەنلىكىنى تىلغا ئالىدۇ ۋە تەمبۇرنى «چال-
غۇلارنىڭ شاھى» دەپ ئۇستۇن باھالايدۇ[3]. ئۆزبېكىستانلىق مۇزىكىشۇناس سى. ئەزىزوف
ئۆزىنىڭ «ئۆزبېك مۇزىكىسىنىڭ لۇغىتى» ناملىق كىتابىدا بۇ ھەقتە توختىلىپ، «ئود،
تەمبۇر، چاڭ، ئاي قاتارلىق چالغۇلارنى ئوتتۇرا ئەسىردىكى رىسالىلار ئاپتورى دەرۋىش ئەلى
چاڭى ئەڭ قەدىمكى چالغۇ ئەسۋابلىرى دەپ ھېسابلىدى»[4] دېگەن مەلۇماتنى ئوتتۇرىغا قو-
يىدۇ. تېمورىيلار دەۋرى (1369 — 1506 - يىللار) دە ياشىغان ئاتاغلىق شائىر ئەھمەدى ئۆ-
زىنىڭ «مۇنازىرە ۋە مۇباھەسە» ناملىق ئەسىرىدە «تەمبۇرنىڭ ئاجايىپ ئاھاڭى، نالە - زارى
تاشنىمۇ ئېرىتىۋېتىدۇ»[5] دەپ يازىدۇ.
ئىتالىيىلىك ساياھەتچى ماركوپولو (1245 — 1294 - يىللار) موڭغول ئىمپېرىيىسىنى
ئارىلىغان كۈنلەردە ئىككى تارلىق تەمبۇر چالغان سازەندىلەرنى كۆرگەنلىكىنى يازغان.
بېھزادنىڭ رەسىملىرىدە شۇ خىل تەمبۇرنىڭ تەسۋىرى بېرىلگەن[6].
بىز يۇقىرىقى بايانلار ئارقىلىق تەمبۇرنىڭ ئەڭ باشتا ئىككى تاردىن تۈزۈلگەن قەدىمكى
چالغۇ ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى چالغۇلىرى ئىچىدە ئىنساننىڭ يۈرىكىنى
تىترەتكۈدەك سېھرىي كۈچكە ئىگە چالغۇ ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز.
يىغىپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇرلار ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئەڭ قەدىمكى مەدەنىيەتلىك مىللەتلەر-
نىڭ بىرى بولۇپ، ئۇلار ئۇزاق ئەسىرلىك تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا مول ماددىي، مەنە-
ۋى مەدەنىيەت يارىتىپ، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ «مەدەنىيەت ئۇستازى»[7] دەيدىغان شەرەپلىك
نامغا مۇيەسسەر بولغان. ئۇيغۇر مۇزىكا سەنئىتىمۇ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم بىر تەر-
كىبى سۈپىتىدە يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان. قەشقەر، كۇچا، باي، تۇرپان، قۇمۇل

قاتارلىق يۇرتلاردىكى ئاسار ئەتىقىلەردە، تام رەسىملىرى ۋە قىيا تاش ئويمىلىرىدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن رەسىملەردىكى ساز چېلىپ، نەغمە ـ ناۋا قىلىپ ئولتۇرغان سازەندىلەرنىڭ چالغۇلىرى قاتارىدا تەمبۇرنىڭمۇ بولغانلىقى، بۇ ھەقتە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تارىخىي ماتېرىياللاردا كۆپلىگەن خاتىرىلەرنىڭ قالدۇرۇلغانلىقى ئۇيغۇر مىللىي چالغۇلىرى ئىچىدىكى تەمبۇرنىڭ ئۇيغۇر مۇزىكىلىرىدىكى مۇھىم ئورنىنى، ئۇنىڭ ئاۋام ـ پۇقرا ئىچىدىكى ئىناۋىتىنى ۋە ئۇنىڭ ئۆزگىچە خاس ئالاھىدىلىكىنى دەلىللەپ بېرىدۇ.

# تەمبۇرنىڭ ياسىلىشى ۋە قۇرۇلمىسى

تەمبۇر ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى كلاسسىك چالغۇلىرىدىن بىرى بولۇش ھالىتىدە ئۆزىگە خاس مۇكەممەل قۇرۇلما، كۆركەم شەكىل ۋە ياڭراق، يېقىملىق، مۇڭلۇق ساداسى بىلەن باشقا چالغۇلاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىدۇ.

تەمبۇرنى ئۆزبېك، تاجىك خەلقلىرىمۇ ئۇيغۇرلارغا ئوخشاش قەدىمدىن تارتىپ ئىشلىتىپ كەلگەن. لېكىن، ئۇيغۇرلار ئىشلىتىدىغان تەمبۇر بىلەن باشقا مىللەتلەر ئىشلىتىدىغان تەمبۇردا روشەن پەرق بار. ئالايلۇق، ئۆزبېك، تاجىك تەمبۇرلىرىدا ئۈچ تال پولات سىم ئىشلىتىلىدۇ. پەدە سانى 17 بىلەن 20 ئارىلىقىدا بولىدۇ. شەكلى ئۇيغۇر تەمبۇرىغا ئوخشىغاندەك قىلسىمۇ، لېكىن دەستىسى قىسقا، سېپى ئىنچىكە بولىدۇ. ناخۇنى سىمدىن ئەمەس، بەلكى پولاتتىن خۇددى ئويماققا ئوخشاش ياسىلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا ئەل ئىچىدىكى تەمبۇرلارمۇ بىر - بىرىگە ئوخشاش بولمايدۇ. ئۇلارنى يۇقىرى ئاۋازلىق تەمبۇر، ئوتتۇرا ئاۋازلىق تەمبۇر ۋە تۆۋەن ئاۋازلىق تەمبۇر دەپ بىرنەچچىگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

تەمبۇر ئومۇمەن ئۆز قۇرۇلمىسىغا لايىق چېلىش ئۇسۇلىغا ئىگە چالغۇ ئەسۋابى بولۇپ، چەكمە چالغۇلار قاتارىغا كىرىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، تەمبۇر، دۇتار، باربىت، چاڭ، قالۇن قاتارلىق چالغۇلار چېكىپ چېلىنىدۇ. تەمبۇر مەخسۇس ياسالغان ناخۇن بىلەن چېلىنىدۇ. غۇلجا شەھىرىدە ياشىغان ھۇسىيىن تەمبۇر (1902 — 1937 - يىللار) دېگەن كىشى تەمبۇرنى زەخمەكتە چېلىشنى ئەپسىز كۆرۈپ، 1920 - يىللىرى قولىغا سىم باغلاپ تەمبۇر چېلىشنى ئىجاد قىلغان. بۇ سىم ناخۇن دەپ ئاتالغان. 1930 - يىللارغا كەلگەندە بۇ خىل سىم ناخۇن ئىلى رايونىدا رەسمىي ئومۇملاشقان. ئەلۋەتتە، ناخۇن پارسچە تىرناق دېگەن سۆز بولۇپ، ئەينى زامانلاردا تەمبۇرنى ھېچقانداق باشقا ئەسۋابسىز ئوڭ قول بىگىز بارماقنىڭ تىرنىقى بىلەن چالغىلى بولىدىغانلىقىنى پەرەز قىلغىلى بولىدۇ. مۇشۇ تۈپەيلى، تىرناق بىلەن چېلىش تەدرىجىي يوسۇندا سىم ناخۇن بىلەن چېلىشقا كۆچكەن.

تەمبۇر يۇقىرىدا تىلغا ئالغاندەك، قۇرۇلما جەھەتتىن ساتار، دۇتار، باربىتقا ئوخشاپ كېتىدۇ. لېكىن بۇ چالغۇلار ئۆزئارا بىر - بىرىدىن بېشىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى، دەستىسىنىڭ ئۇزۇن - قىسقىلىقى، تارلىرىنىڭ ئورۇنلىشىشىنىڭ ئوخشىماسلىقى، پەدىلىرىنىڭ ئاز - كۆپلۈكى، ئاۋاز تۇسىنىڭ ئوخشىماسلىقى قاتارلىق جەھەتتە پەرق قىلىدۇ.

# 1. تەمبۇر چالغۇسىنىڭ ئىسلاھ قىلىنىشى

تەمبۇر ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى مىللىي چالغۇلىرى ئىچىدە ئاۋازىنىڭ جاراڭلىق، مەردانە، جازىبىلىكلىكى بىلەن دىققەتكە سازاۋەر. ئۇ ساتارغا قارىغاندا ئۇزۇنراق، زىلۋاراق بولىدۇ. تەڭشەش بىلەن ئاۋاز تۇسىمۇ باشقا چەكمە چالغۇلاردىن پەرقلىنىدۇ. لېكىن ئۇ ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ ئاھاڭلىرىغا ئەڭ مۇۋاپىق تەڭكەش قىلىنىدىغان چالغۇ بولغاچقا، ئۇيغۇرلارنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق ئىجتىمائىي تۇرمۇشى، جەڭگىۋار ھاياتى ۋە ناچار جۇغراپىيىلىك مۇھىت بىلەن بولغان كۆرەشلەردە ئۇلارنىڭ قايغۇ ـ ئەلەملىرى، ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرى، غەزەپ ـ نەپرەتلىرى، شاد ـ خۇراملىقى، توي مەرىكىلىرى، مەشرەپ سورۇنلىرى، باغ سەيلىلىرىدە ئۆزىدىكى ئۆزگىچە پۇراق بىلەن يالغۇز سازەندىلەرنىلا ئەمەس، ئاڭلىغۇچىلارنىمۇ ئۆزىگە مەھلىيا قىلغان. بۇ ھەقتە «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن» دا: مەۋلانە ساھىب بەلخى «تەمبۇرنى سېھىرلىك بىر تەرزدە سۆزلىتەتتى. بابۇر شاھ ئۇنىڭدىن بىردەممۇ ئايرىلمايتتى ... بىر كۈنى كابۇل شەھىرىدىكى بىر باغدا شاھانە ئولتۇرۇش ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، ئۇلۇغ زاتلار، ئەمىر ـ ۋەزىرلەر، ئۆلىما ۋە ئەۋلىيالارنىڭ ھەممىسى يىغىلدى ... بابۇر شاھ مۇزىكىغا ئىشارەت قىلغانىدى، بۇ ئەزىز تەمبۇرنى قولىغا ئېلىپ چوڭ ئىراق مۇقامىغا چېلىشقا باشلىدى. مۇزىكا ئىككىنچى ئەۋجىدىن ئۆتۈپ ئۈچىنچى ئەۋجگە يەتكەندە بىر بۇلبۇل كېلىپ تەمبۇرنىڭ قۇلىقىغا قونۇۋېلىپ سايراشقا باشلىدى. مەجلىس ئەھلى چۇقان ـ سۈرەن كۆتۈرۈشتى. بىرمۇنچە كىشىلەر يىغلاپ بىھوش بولۇپ يىقىلىشقا باشلىدى. بۇلبۇل يىراقىن ئۇچۇپ كېلىپ تەمبۇرغا ئۆزىنى ئۇرۇشقا باشلىدى ۋە يەتتە ـ سەككىز قېتىم ئۆزىنى تەمبۇرغا ئۇرغاندىن كېيىن يەرگە چۈشۈپ ئۆلدى»[8] دەپ يېزىلغان.

ئۇيغۇر چالغۇلىرى جۇملىدىن تەمبۇر مۇشۇنداق سېھرى كۈچكە ئىگە بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۆتكەن ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن ئىلگىرى ئۇنىڭ شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى رايونلىرىدىكى ئومۇملىشىش ئەھۋالى ئوخشاش بولمىغان. مەسىلەن: مەيلى كلاسسىك ئون ئىككى مۇقام ياكى يەرلىك مۇقاملارنى ئورۇنداشتا بولسۇن، مەيلى يەرلىك مەشرەپ ۋە ئەل نەغمىلەردە بولسۇن، ھەرقايسى رايونلاردىكى چالغۇلارنىڭ ئىشلىتىلىشىدە مەلۇم پەرق ساقلانغان. قۇمۇل رايونىدا قۇمۇل غېجىكى، قەشقەر رايونىدا راۋاب، تۇرپاندا ناغرا ـ سۇناي، دولان مۇقاملىرىدا دولان راۋابى ۋە قالۇن ئاساسلىق چالغۇ ئورنىدا تۇرۇپ كەلگەن. كلاسسىك ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنى ئورۇنداشتىمۇ قەشقەر رايونىدا ساتار، ئىلى رايونىدا تەمبۇر ئاساسلىق چالغۇ بولغان. ئەينى چاغدا ئىلىدا ئۆتكەن ئاتاقلىق چالغۇچىلاردىن ھەسەن تەمبۇر، روزى تەمبۇر، ھۈسىيىن تەمبۇر، سۇلتانمۇرات، جامى ئاكا، مەتتاھىر، غوپۇر يۇسۇپ، ئابدۇنەبى قاتارلىقلار كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ تەمبۇر ئورۇنداش ماھارىتىگە چوڭقۇر ئاساس سالغان. 1958 ـ يىلى ئۈرۈمچىدە سەنئەت ئوتتۇرا تېخنىكومى — شىنجاڭ

سەنئەت مەكتىپى قۇرۇلۇپ، 1960 ـ يىلى شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن، مۇزىكا فاكۇلتېتىدىكى مىللىي مۇزىكا ئوقۇتۇشىدا تەمبۇر چېلىش كەسىپ تەرىقىسىدە يولغا قويۇلدى. مۇساجان روزى، ھۇسەنجان جامىيلەرنىڭ تەمبۇر ئورۇنداشتىكى ماھارىتى دەرسلىككە كىرگۈزۈلدى. شۇنداقلا ھەرقايسى جايلاردىكى تەمبۇر ھەققىدىكى تونۇش ۋە تەمبۇرنىڭ قۇرۇلمىسىدىكى پەرقلەرنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن، تەمبۇردىن ئىبارەت بۇ چالغۇنى ئەتراپلىق تەتقىق قىلىش قىزغىنلىقى بارلىققا كەلدى.

ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 1970 ـ يىللىرىدىن ئىلگىرى تەمبۇر قۇرۇلما جەھەتتىن چوڭ ـ كىچىكلىكى، ئۇزۇن ـ قىسقىلىقى، چېلىش ئۇسۇلى جەھەتتىلا پەرقلىنىپ قالماي، ئاۋاز دائىرىسى، سازلىنىشى جەھەتلەردىمۇ ئوخشاش بولمىغاچقا، بۇ ئەھۋال سەنئەت ئوقۇتۇشى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلارنى جۈملىدىن مۇزىكا ئوقۇتقۇچىلىرىنى، تەمبۇر ئورۇندايدىغان مۇزىكانتلارنى تەمبۇرنى ئىسلاھ قىلىش ھەققىدە ئويلىنىشقا مەجبۇرلىدى. ئالايلۇق: 60 ـ يىللاردا قەشقەر رايونىدىكىلەر تەمبۇرنى ئادەتتىكى تەمبۇر ۋە ئىلى تەمبۇرى دەپ ئايرىغان. ئىلى تەمبۇرى نىسبەتەن چوڭراق، قەشقەر تەمبۇرى كىچىكرەك، نازۇكراق بولغان. قەشقەر تەمبۇرى ئوتتۇرىدىكى بىر تار بىلەن ئالدىدىكى ئىككى تار ئوخشاش سازلانغان. ئارقا بىر جۈپ تار بەش گرادۇس مۇناسىۋەتتە سازلانغان. چالغاندا زەخمەك بىلەن چېلىنغان. بۇ ئەھۋالمۇ ئەل ئىچىدىكى تەمبۇر چالغۇسىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش لازىملىقىنى ئىپادىلىگەن.

يەنە بىر ئەھۋال شۇكى، ئۇ چاغدىكى تەمبۇرلارنىڭ پەدىسى زەي بىلەن باغلىنىپ كەلگەن. زەي بىلەن باغلانغان پەدىسىنىڭ ئاسان ئۇپراپ كېتىدىغانلىقى، تەمبۇرنىڭ ئېگىز ئاۋاز دائىرىسىدىكى چاپلانغان قومۇش پەدىلىرىنى باسقاندا ئاۋاز تۇتۇق چىقىدىغانلىقى، تەمبۇرنى چېكىپ چېلىش جەريانىدا ئوڭ قول خەرەكنىڭ كەينىدىكى سىمغا تېگىپ كەتسە ئاۋازنىڭ ئۆزگىرىپ، سازلىنىش ھالىتىنىڭ بۇزۇلىدىغانلىقى قاتارلىق ئاجىزلىقلار ئوقۇتقۇچىلار ۋە مۇزىكانتلارنىڭ تەمبۇرنى ئىسلاھ قىلىش ئىرادىسى تېخىمۇ چىڭىتقان. نەتىجىدە پىشقەدەم مىللىي مۇزىكا ئۇستازى مۇساجان روزى ئالدى بىلەن تەمبۇرنىڭ پەدىسىنى خىمىيىلىك تالا بىلەن باغلىغان. تەمبۇرنىڭ بوغۇزىدىكى ئېگىز ئاۋاز قىسمىغا قوشۇمچە يۇزلۇك سېلىپ، تەمبۇر خەرىكىنىڭ كەينىگە بىلىق شەكىللىك ئالىقانلىق ئورنىتىپ، تەمبۇرنى ئەسلىي ئۇزۇنلۇقىدىن 10cm ئەتراپىدا قىسقارتقان. يۇزلۇككە سېلىنىدىغان ئۇجمە يۇزلۇك ئورنىغا تۇڭمۇ ياغىچى (铜木) دىن يۇزلۇك سېلىپ، تەمبۇرنى تېخىمۇ كۆركەم، چېلىشقا ئەپلىك، ئاۋازى ياڭراق، پەدىلىرى ئۇپرىمايدىغان ھالەتكە كەلتۈرگەن. 1960 ـ يىللاردىن باشلاپ ئېلىپ بېرىلغان بۇ ئىسلاھات ئالدى بىلەن شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتىدا ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشكەن. 1970 ـ يىللارغا كەلگەندە جەمئىيەتكە يۇزلىنىپ، ئاپتونوم رايون تەۋەسىدىكى ھەرقايسى ئۆمەكلەر، سازەندىلەر، ئەلنەغمىچىلەر ئورتاق ئىشلىتىدىغان بولغان. ھەتتا قوشنا دۆلەتلەردىمۇ مۇشۇ خىل تەمبۇر ئومۇملاشقان.

## 2. تەمبۇرنىڭ ئۆلچەملىك قۇرۇلمىسى

تەمبۇر ئىسلاھ قىلىنغاندىن كېيىن، قۇرۇلما ئۆلچىمى جەھەتتە ئاساسەن تۆۋەندىكىچە بىرلىككە كەلتۈرۈلدى:




① تەمبۇر بېشىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 42cm ② يۈزلۈكنىڭ كەڭلىكى 16cm — 17cm
③ بېشىنىڭ چوڭقۇرلۇقى 14cm ④ بوغۇز يۈزىنىڭ كەڭلىكى 8cm ⑤ بوغۇز ئايلانمى-
سى 18cm ⑥ تەمبۇر دەستىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 100cm ⑦ تەمبۇرنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى
142cm — 138cm ⑧ قۇلاق ئورنىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 14cm ⑨ تەمبۇر دەستىسىنىڭ ئۇچى-
نىڭ كەڭلىكى 2cm ⑩ خەرەكنىڭ ئۇزۇنلۇقى 3.5cm ⑪ خەرەكنىڭ ئېگىزلىكى 1.5cm

## 1) تەمبۇر قۇرۇلمىسىدىكى بۆلەكلەرنىڭ ناملىرى



① تەمبۇر بېشى ② تەمبۇر بوغۇزى (بوينى) ③ تەمبۇر دەستىسى (سېپى) ④ تەم-
بۇر قۇلىقى ⑤ تەمبۇر يۈزلۈكى ⑥ ئالىقانلىق ⑦ خەرەك ⑧ سىم ئىلغۇ (تار ئىلغۇ)
⑨ باش خەرەك ⑩ ئومۇمىي پەدىلەر ⑪ تار (ئالدى، ئوتتۇرا، كەينى تارلار)

## 2) تەمبۇرنىڭ ياسىلىشى

تەمبۇر ئۇزاق تارىخىي جەريانلاردىن بۇيان ئاساسەن ئۈجمە ياغىچىدىن ياسىلىپ كەلگەن، ئايرىم ھاللاردا ئۆرۈك ياغىچى، چىنار ياغىچى ۋە باشقا ياغاچلاردىن ياسالسىمۇ، لېكىن ئۈجمە ياغىچىدىن ياسالغان تەمبۇر يەنىلا ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۈجمە ياغىچى قۇرۇغاندىن كېيىن ياسالغان تەمبۇر ھەم يەڭگىل بولىدۇ، ھەم قېيىپ كەتمەيدۇ، ياكى بولمىسا يېرىلمايدۇ. ۋاقتى ئۇزارغانسېرى تاشقى كۆرۈنۈشىمۇ چىرايلىق بولۇپ كېتىدۇ.

## 3) تەمبۇرنىڭ سازلىنىشى ۋە ئاۋاز دائىرىسى

تەمبۇرنىڭ ئاۋازى ئاساسەن ئوتتۇرا ئاۋازغا مايىل بولىدۇ. قەشقەر رايونىدا دەسلەپ ياسالغان تەمبۇردا پەقەت 17 ياكى 18 پەدە بولۇپ، ئۇ تەمبۇرنىڭ سازلىنىشى ۋە ئاۋاز دائىرىسىمۇ ھازىرقى تەمبۇرلارنىڭكىگە ئوخشىمىغان. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىغا كەلگەندە تەمبۇرنىڭ سازلىنىشىدا ئۆزگىرىش بولغان ھەمدە ئاۋاز دائىرىسىگە بىر ئوكتاۋا قوشۇلۇپ، بۇرۇنقى ئىككى ئوكتاۋادىن ئۈچ ئوكتاۋاغا كۆپەيگەن. پەدىلىرىمۇ بۇرۇنقى 17 ـ 18 پەدىدىن 34 پەدىگە يەتكەن. بۇ ئەلۋەتتە بىز يۇقىرىدا تىلغا ئالغان ئىسلاھاتنىڭ نەتىجىسى.

تەمبۇرنىڭ سازلىنىشى ئۇنىڭغا ئىشلىتىدىغان سىم تار بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. تەمبۇرنىڭ ئالدى تەرىپىدىكى بىر جۈپ تار بىلەن ئوتتۇرىدىكى تارغا ئاساسەن 32 نومۇرلۇق سىم سېلىنىدۇ. ئارقا تەرىپىدىكى تار سەل توم بولۇپ، ئۇنىڭغا 31 ـ نومۇرلۇق سىم سېلىنىدۇ. تارلارنىڭ سازلىنىشىدا ئوتتۇرىدىكى تار روياللىنىڭ كىچىك ھەرپلىك گۇرۇپپىسىدىكى d ئاۋازغا، ئارقىدىكى تار d ئاۋازدىن 4 گرادۇس تۆۋەن بولغان چوڭ ھەرپلىك گۇرۇپپىدىكى A ئاۋازغا، ئالدىدىكى تار d ئاۋازدىن 5 گرادۇس تۆۋەن بولغان چوڭ ھەرپلىك گۇرۇپپىدىكى G ئاۋازغا تەڭ قىلىپ سازلىنىدۇ. ئارقا تەرىپىدىكى سىم تار سەل توم بولۇپ، ئۇنىڭغا 31 رەزمىرلىك سىم ئىشلىتىلىدۇ.



تەمبۇرنىڭ ئاۋازى ئەسلىدە ئوتتۇرا ئاۋاز گۇرۇپپىسىغا كىرىدۇ. لېكىن ھازىر نوتا ئىشلىتىشكە قولايلىق بولۇش ئۈچۈن g نوتا كۇلچى بويىچە ئەسلىي ئورنىدىن بىر ئوكتاۋا يۇقىرى كۆتۈرۈپ ئىشلىتىلىۋاتىدۇ.

تەمبۇردا ئادەتتە كىچىك ھەرپلىك گۇرۇپپىدىكى d دىن باشلاپ ئىككى ئوكتاۋا ئارىلىقى يەنى كىچىك ھەرپلىك 1 ـ گۇرۇپپىغىچە بولغان ئارىلىق كۆپ ئىشلىتىلىدۇ.

تەمبۇردىكى ئالدى بىر جۈپ (A) تار ئاساسى مېلودىيىنى ئورۇندايدىغان يەنى تەمبۇردا كۆپ ئىشلىتىلىدىغان تار بولىدۇ. ئوتتۇرا تار (d) بىلەن ئارقا بىر جۈپ تار (G) ساپ 5 گرادۇسلۇق گارمونىك مۇناسىۋەت ئارقىلىق مېلودىيىنى تولۇقلاش، مېلودىيىگە ھۆسن قوشۇش، رېزونانس يەنى بىرىكمە سادا بېرىش رولىنى ئوينايدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ خىل بىرىكىش ئۆزئارا ماسلىشىدىغان كۈيلەرنى، كۆپ ھاللاردا G ۋە d دىن ئىبارەت چوڭ ـ كىچىك كۈيلەرنى كۆزدە تۇتىدۇ.

## 3. تەمبۇر چېلىشنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرى

تەمبۇرنى چېلىش يەنى تەمبۇر بىلەن ئاھاڭ ئورۇنداشتا ئالدى بىلەن تەمبۇر توغرا، ياخشى سازلانغان بولۇشى كېرەك. تەمبۇر توغرا سازلانمىسا ماھارەت بىلەن چالغاندىمۇ يېقىملىق ئاۋاز چىقىشى ناتايىن. ئەگەر تەمبۇر توغرا، ياخشى سازلانغان بولسا، ئۇنىڭغا ئورۇندىغۇچىنىڭ ماھارىتى قوشۇلسا، تەمبۇر ئورۇنداشتا كۆزلىگەن مەقسەتكە يەتكىلى بولىدۇ. ئاڭلىغۇچىلارمۇ رازى بولىدۇ.

### 1) ئولتۇرۇش قائىدىسى



تەمبۇر ئورۇنداش يەنى تەمبۇر چالغاندا ئادەتتە ئورۇندۇقتا دۇرۇس ئولتۇرۇپ، تەمبۇرنى ئوڭ يوتىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ سول قولدا تەمبۇرنىڭ دەستىسى تۇتۇلىدۇ. ئىلگىرى كۆپىنچە كىشىلەر تەمبۇر چالغاندا ئوڭ پۇتىنى سول پۇتىنىڭ ئۈستىگە ئېلىپ تەمبۇرنى ئوڭ يانپاش بىلەن ئوڭ يوتىنىڭ ئارىلىقىغا ئېلىپ چالاتتى. بۇنداق ئولتۇرۇشتىكى مەقسەت تەمبۇرنىڭ بېشى يۇقىرى ـ تۆۋەن چۈشۈپ كەتمەسلىك ئۈچۈن. لېكىن بۇنداق ئولتۇرۇش كۆرۈمسىز ھەم ئەدەبكە خىلاپ بولغاچقا، ھازىر ئومۇمەن دۇرۇس ئولتۇرۇشقا ئادەتلەندۈرۈلۈۋاتىدۇ مۇزىكا چېلىش جەريانىدا دۇرۇس، مۇۋاپىق ئولتۇرمىسا

يەنى ئوڭ يانپاش ئادەتتىن تاشقىرى كۆتۈرۈلۈپ كەتسە ئۇ ھالدا سەت، كۆرۈمسىز قىياپەت پەيدا بولۇپ كىشىلەرگە غەلىتە كۆرۈنۈش پەيدا قىلىپ قويىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن دۇرۇس ئولتۇرۇشقا ئادەتلىنىش لازىم. ئىمكانىيەت بولسا ئوڭ پۇتنى سول پۇت ئۈستىگە ئالماي، ئوڭ پۇتنى سەل كۆتۈرۈپ تەمبۇرنى مۇقىم توختىتىشقا ئادەتلەنسە تېخىمۇ ياخشى.

## 2) ناخۇن ياساش قائىدىسى

